رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى (11)

# كالا بىلەن ئۆچكە

تەييارلىغۇچى: ماھىنۇر ئۇيغۇر





UYGUR.COM



كالا، ئەتتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەپ ساپان تارتىپ هارغان هالەتتە قايتىپ كەپتۇ.

كالىنىڭ ئېگىسى بىر ئوقۇرغا سامان، يەنە بىر ئوقۇرغا قوناق بىلەن ئارپا ئارلاشتۇرۇلغان بوغۇز سېلىپ بېرىپتۇ.





بۇ ئېغىلدا يەنە بىر ئۆچكىمۇ ياشايدىكەن.



كالا، بوغۇزدىن بىر كاپام يەپ تۇرۇشغا:

ـ ھەي ئاغىنە، ـ دەپتۇ ئۆچكە ساقال سىلكىپ، ـ مەن ئورۇقلاپ كېتىۋاتىمەن ھەم ئاشقازىنىمۇ ناچار...

ئاغىنىلىقىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بوغۇزنى ماڭا بېرىپ، سەن سامانىنى يېسەڭ.




ـ ماقۇل ، ـ دەپتۇ كالا .



بۇ ئادەت ھەر كۈنى تەكرارلىنىدىغان بوپتۇ.

ئۆچكە كۆڭلدە، «كالنى راسا باپلدىم» دەپ خۇشال بولۇپ يۈرۈپتۇ.





ئۇ ، ھويلىدىكى توخۇ ، ئۆردەك ، توشقانلارغا:

ـ كالنىڭ بويى ئېگىز بولغىنى
بىلەن ئەقلى يوق، كالۋا
نەرسكەن، ـ دەپتۇ، ـ مەن
ئۇنى راسا ئەپلىدىم...





ھەر كۈنى بوغۇزنى مەن يەپ ، كالغا
ساماننلا بېرمەن.

ـ ۋاي توۋۋيەي، ـ دەپتۇ ۋاقلداق مېكيان، ـ كالا بىر دۆت ئىكەنغۇ!





ئاخشىمى كالا ئىشتىن قايتىپتۇ.

توخۇ، ئۆردەك، توشقانلار ماراپ تۇرۇپ، ھەققەتەن ئۆچكىنىڭ بوغۇزىنى، كالىنىڭ سامانىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.



بۇ ئىش ھەممىگە پۈر كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېكىيان كۈندە ۋاقىلداپ كالىنى مازاق قىلىدىغان بوپتۇ.



بىر كۈنى، كالا، ئىشتىن قايتىۋېتىپ بۇنى ئاڭلاپ قاپتۇ.



ـ هۆ پتتنخور شەيتان، سەن قارانيەتنى ئەمدى چۆشەندىم! ـ دەپتۆ
كالا، ـ بوغۆزنى مەن يەيمەن!





ئۆچكە لام ـ جىم دىيەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ.



كۈندە بوغۇز يەپ كۆنۈپ قالغان ئۆچكىنىڭ گېلىدىن سامان ئۆتمەپتۇ.



ئەتگنی ئێگسی قاربغوُدەك بولسا ، ئۆچكننڭ قورساقلری ئچگە
كربپ كەتكەن. بوُنی كۆروٚپ:



ـ ئاپلا! ـ دەپتۇ ئېگىسى، ـ ئىش چاتاق، ئۆچكە بىر نېمە يىمەس بولۇپ قاپتۇ. ئوبدانلا سەمرىپ قالغان ئىدى، ئوغلۇم! پىچاقنى ئېلىپ چىق! ئورۇۋلاپ كەتمىسۇن يەنە، تېزرەك سويىۋېتەي!


ئۆچكىنى بوغۇزلىغان هامان مېكىيان ئۆگزىگە چىقىپ:



ـ ۋاق ـ ۋاق ـ ۋاقىق!

ئۆچكە ئۆلدى يېغى جىق! دەپ ۋاقىلداشقا باشلاپتۇ.

بۇ بىر يۈرۈش «رەسىملىك ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» توپلىمى، مەھەممەت سىدىق تومۇرى، ھاجى ئەخمەت، مۇتەللىپ پالتاخۇن، تۇرسۇن زېرىدىن قاتارلىق پىشقەدەم ئۇستازلار تەرىپىدىن توپلاپ رەتلىنىپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، «ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى» ناملىق كىتاب ئاساسىدا، ماھىنۇر ئۇيغۇر، ھەبىبە ئۇيغۇر ۋە نەسلىخان ئۇيغۇر قاتارلىق ئوقۇش يېشىدىكى پەرزەنتلىرىمىز تەرىپىدىن رەسىملىك باللار ئوقۇشلۇقغا ئايلاندۇرۇلدى. يېڭى ساۋادى چىققان پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئوقۇشىغا تولىمۇ ماس كېلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تىلى چىقىش مەزگىلىدىكى ئۇماق پەرزەنتلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى ئوقۇپ بېرىشىنى ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىمىز.

www.uygur.com